# مۆبارەك رامزان



مه نبه : قصص و حكايات بالعربي


1
-ئەلى، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ بىز روزىدار، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟
ياق، ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئەمما قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەكمەن. بىز سىنىپتا يالغۇز، ھېچكىم كۆرمەيدۇ. كىلە ئاداش، بۇنى ئالە، ئىككىلەنمەي يېگىنە .....


2
-نىمە، نىمە؟!
مىنى ئۆزۇڭدەك روزىنى بۇزغىن ، دىمەكچىمۇ؟ . . .. ياق، ياق ...
-ئەنسىرىمە، بىزنى ھىچكىم كۆرمەيدۇ؛ مەنمۇ ھىچكىمگە دىمەيمەن. كىلە، ئىككىلەنمەي يىگىن، بۇ بەك تاتلىقكەن.


3
-ئۆمەر، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟
بىر نەرسە يەۋاتامسەن؟
بۇ رامىزان ئېيى، ئۇنتۇپ
قالدىڭمۇ؟
-ياق،
ئۇنتۇپ قالمىدىم.
مەن، مەن. . .


4
-ئۇنۇتما، ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، سۆز-ھەرىكەتلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىدۇ.
-ئانا، سىز نېمە دېمەكچى؟ ھېچ چۈشەنمىدىم.


5
-روزا ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكىلا ئىبادەت، يەنى، سەن ناماز ئوقۇغاندا ئىنسانلار سېنى كۆرۈپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەلەيدۇ. ھەجدىمۇ شۇنداق، ئەمما روزىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. مۇكاپاتىنىمۇ پەقەت ئاللاھ بېرىدۇ.
-راست دەيسىز، ئانا.


-مەن ئەلىنىڭ گىپىگە كىرىپ خاتا قىپتىمەن،
ئەلى دوستلۇققا يارىمايدىكەن.
ھەقىقي دوست دوستىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ.


7
-ئاللاھ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ.
ئەمدى ئىككىنچى ئۇنداق قىلما !
ئەسكى دوستلاردىن ئېھتىيات قىلغىن !
ئۇلار سىنى يامان يولغا باشلايدۇ،
يامان ئىشنى ياخشى كۆرسىتىدۇ.
!!


8
-ئانا، مەن ئىككىنچى ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بىرىمەن.
- ساڭا ئاپىرىن، ئوغلۇم !


9
-ئى ئاللاھ، گۇناھىمنى كەچۈرگىن!
مەن گۇناھىمغا تەۋبە قىلدىم، ئەمدى
ئىككىنچى ئۇنداق گۇناھ قىلمايمەن.